# 166106 ـ سپېرما بىلەن مەزىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى پەرقى

## سۇئال

سپېرما بىلەن مەزىنى قانداق ئايرىيمەن؟، ئۇنىڭ پۇرىقىدىن ئايرىمەنمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سپېرما بىلەن مەزي ئارىسىدىكى پەرق تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار:

1-سپېرما تىز، كۆچلۈك چىقىدۇ، ئەمما مەزي تىز چىقمايدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئىنسان مەزىنىڭ چىققانلىقىنى تۇيماي قالىدۇ.

2-سپېرما يىرىك، قويۇق، ئاق بولىدۇ ئۇنىڭ پۇرىقى دەرەخنىڭ يىلتىزى ياكى خېمىرنىڭ پۇرىقىدەك بولىدۇ، ئەمما مەزي سۇتۇق، شىلىمشىق، سۇدەك بولۇپ ئۇنىڭ ھېچ پۇرىقى يوق.

3-سپېرما چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلىشىدۇ ئەمما مەزي چىقىش بىلەن شەھۋەت ئاجىزلاشمايدۇ.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ"ناملىق ئەسەر 2-توم 141-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتنىڭ بىرىنىڭ تېپىلىشى ئۇنىڭ سپېرما ئىكەنلىكىگە كۇپايە قىلىدۇ، ئۈچ سۈپەتنىڭ ھەممىسىنىڭ بىراقلا تېپىلىشى شەرت ئەمەس، ئەگەر ئۈچ سۈپەتنىڭ ھېچ بىرى تېپىلمىسا ئۇنىڭغا سپېرما دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ".

بۇ ھەقتە دائىمي كومىتېتى پەتىۋاسى 4-توم 138-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "سپېرما: قويۇق، ئاق بولۇپ، ئەركىشىدىن لەززەت بىلەن تىز چىقىدۇ، سپېرما چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئىنسان شەھۋەتنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، توغرا قاراشتا سپېرما پاك بولۇپ، كىيىمگە سپېرما يۇقۇپ قالسا ئۇنى يۇيۇۋېتىش ياكى ئۇلاپ چىقىرىۋېتىش ياخشىدۇر. ئىنساندىن سپېرما چىققاندىن كېيىن يۇيۇنۇش كېرەك بولىدۇ. سپېرما جىما قىلىش ياكى ئېھتىلام بولۇش بىلەن چىقسۇن ئوخشاش، ئەمما سپېرما لەززەتسىز كېسەللىكتىن ياكى ھاۋانىڭ سوغۇق بولىشى سەۋەبىدىن چىققان بولسا يۇيۇنۇش كېرەك بولمايدۇ، پەقەت تاھارەت ئېلىش كېرەك بولىدۇ.

مەزي بولسا: سۇيۇق، ئاق، شىلىمشىق بولۇپ ئەر كىشىدىن ئايالى بىلەن ئويناشقاندا ياكى جىما قىلىشنى پىكىر قىلغاندا

چىقىدۇ، تىز چىقمايدۇ، مەزىي چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلاشمايدۇ، مەزىي نىجىس بولۇپ، مەزىي چىققاندىن كېيىن تەرەت ئېلىش كېرەك بولىدۇ، ئەۋرەتنى تولۇق يۇيىدۇ، كىيىمگە ۋە بەدەنگە يۇقۇپ قالغان بولسا ئۇنىڭدىن تەسىرىدىن تازىلىنىدۇ.

ۋەدىي بولسا: قويۇق، ئاق سۇ بولۇپ، ئەر كىشىدىن كىچىك تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن چىقىدۇ، ئۇ نىجىس بولۇپ، تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولىدۇ". بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن 99507-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.